# 405158 ـ پىتىر سەدىقىسىدە بۇغدايدىن ئىككى كىلوُنىڭ قىممىتىگە توغرىلاپ گۈرۈچ ۋە تەييار خىمىردىن چىقارسا توغرا بولامدۇ؟

## سوئال

مەن مىسىرلىق، بىر سا بۇغداينىڭ ھېسابى دەلىل بىلەن ئىككى كىلوغا باراۋەر كېلىدىغانلىقى ھېسابلاندى، بىر كىلو بۇغداي ئالتە جۇنەي، مېنىڭ سوئالىم: پىتىر سەدىقىسىنى ئون بەش جۇنەي مىقدارىدىكى تەييار خىمىر ياكى ئۇنىڭ ئورنىغا باراۋەر كېلىدىغان گۈرۈچ ياكى باشقا بۇغداي ماددىلىرىدىن پىتىر سەدىقىسى چىقارسام توغرا بولامدۇ؟ . بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: پىتىر سەدىقىسى يېمەكلىكتىن بىر سا بېرىلىدۇ. پىتىر سەدىقىسىدە يېمەكلىكتىن بىر سا چىقىرىش ۋاجىپ بولىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام شۇنداق بۇيرىغان، كۆچلۈك قاراشتا يېمەكلىكنىڭ قىممىتىنى چىقىرىش توغرا بولمايدۇ . (بۇ قاراش بەزى مەزھەبدىكى قاراشلار بولۇپ، ھەنەپىي مەزھەبىدە ئېھتىياجقا كۆرە قىلسا بولىدۇ. مەسىلىدە كەڭچىلىك باردۇر ).

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام پىتىر سەدىقىسىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىگە ھۆرگە، قۇلغا، ئەرگە، ئايالغا، چوڭغا ۋە كىچىككە خورمىدىن بىر سا ياكى ئارپىدىن بىر سا، بېرىشكە بۇيرىدى». [بۇخارى رىۋايىتى1503ـ ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 984 ـ ھەدىس].

ئەبۇ سەئىد ئەل خۇدەرىي رەزىيەللاھۇئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە پىتىر سەدىقىسىنى ھېيت كۈنى يېمەكتىن بىر سادىن چىقىراتتۇق».

ئەبۇ سەئىد مۇنداق دەيدۇ: بىزنىڭ ئۇ ۋاقىتتىكى يېمەكلىكىمىز: ئارپا، ئۈزۈم، پىشلاق ۋە خورمىدىن ئىبارەت ئىدى . [ بۇخارى رىۋايىتى 1510–ھەدىس] .

ھەممەيلەنگە مەلۇمكى بۇ تۆت تۈرلۈك نەرسىلەرنىڭ قىممىتى ئوخشىمايدۇ، بۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ نەرسىلەرنىڭ قىممىتىنى ئېتىبارغا ئالماي پەقەت سانى ئېتىبارغا ئالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

هاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ" :ئەبۇ سەئىدىل خۇدەرىي رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە بايان قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى چىقىرىلىدىغان مىقداردا ئوخشاش بولسىمۇ، قىممىتى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ، بۇنىڭدىن قايسى تۈردىن بولسا مۇشۇ مىقداردا چىقارسا دۇرۇس بولىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ، بۇغداي بولسۇن ياكى باشقىسى بولسۇن ئوخشاش. بۇ ئىمام شاپىئىي ۋە شاپىئىي مەزھىپىگە ئەگەشكەنلەرنىڭ دەلىلىدۇر "] " . پەتھۇل بارى- 3 "توم- 374 بەت].

مۇشۇنىڭغا ئاساسەن: پىتىر سەدىقىسى چىقارماقچى بولسىڭىز، بۇغدايدىن بىر سا ياكى گۈرۈچتىن بىر سا ياكى ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەر ئوزۇقلۇق قىلىدىغان نەرسىلەردىن بىر سادىن چىقارسىڭىز بولىدۇ.

124965 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارىغاندا، ئۇنىڭدا پىتىر سەدىقىسى چىقىرىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ تۈرلىرىنىڭ بايانى بار.

ئىككىنچى: تەييار خىمىردىن پىتىر سەدىقىسى چىقارسىڭىز توغرا بولىدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ "شەرھىل مۇمتى- 6 "توم- 183 بەتتە مۇنداق دەيدۇ" :پىتىر سەدىقىسىنى تەييار خىمىردىن چىقارسا توغرا بولامدۇ؟ ئەگەر كىشىلەر تەييار خىمىردىن يېمەكلىك قىلىدىغان بولسا، پىتىر سەدىقىسىگە ئۇنىڭدىن چىقارسا توغرا بولىدۇ، ھەجىمى گۈرۈچكە ئوخشاش بولسا ئۇنىڭدا كىلو ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ، ئەمما گۈرۈچتىن چوڭ بولسا ئېغىرلىقى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ."

بىزنىڭ قارىشىمىزدا، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن: پىتىر سەدىقىسىگە تەييار خىمىر بەرسە توغرا بولامدۇ، بولمامدۇ؟ كىلو ئېتىبارغا ئېلىنامدۇ ياكى ھەجىمى ئېتىبارغا ئېلىنامدۇ؟ دېگەندەك ئۆلىمالار ئارىسىدىكى ئىختىلاپ بولغان مەسىلىگە كىرمەستىن پىتىر سەدىقىسىگە تەييار خىمىر چىقارماسلىق كېرەك بولىدۇ.

تەييار خىمىر كۆپچىلىك كىشىلەر يېمەكلىك قىلىدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ھاجىتىنى قاندۇرالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن باشقىنى چىقىرىش ياخشى بولىدۇ.

ھەر قانداق ھالەتتە ئەڭ ياخشى بولغىنى: ھەدىستە كەلگەن، سەلەپ ئالىملىرى پىتىر سەدىقىسى چىقارغان نەرسىلەردىن چىقىرىش كېرەك، ئۇ بولسىمۇ گۈرۈچتىن ئىبارەتتۇر، بۇ ئومۇمى كىشىلەرنىڭ يېمەكلىكى، ئۇنىڭ مىقدارىنى بېكىتىش ئاسان بولىدۇ.

ئۈچىنچى: پىتىر سەدىقىسىنى ئوخشىمايدىغان ئىككى تۈردىن بىر سا چىقىرىش توغرا بولمايدۇ، شۇنداقلا يېرىم سا گۈرۈچ ۋە يېرىم سا مەكرونا چىقارسىمۇ توغرا بولمايدۇ، بەلكى ۋاجىپ بولغىنى ھەر تۈردىن بىر سادىن چىقىرىشتۇر. بۇ ئىمام شافىئى ۋە ئىمام ئىبنى ھەزمىدىن ئىبارەت ئىككى ئىمامنىڭ قارىشىدۇر. 109779 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.